**ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش**

**دىققەتنى باش تېمىغا، ئاساسىي لىنىيەگە مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزىتىشنى تۇتۇش**

# سانجى ئوبلاستى: يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسى ئارقىلىق پۈتۈن رايون ساياھىتىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى

## —— دىققەتنى باش تېمىغا، ئاساسىي لىنىيەگە مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزىتىشنى تۇتۇش توغرىسىدىكى يۈرۈشلۈك خەۋەر

**□ مۇخبىرىمىز جاڭ جىلى، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز جۇ لىجۈن**

2 ـ تۈركۈمدىكى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ «2+8» مەخسۇس تۈزەش ۋە «3+3+1» خەلق ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىش توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرمىسى، ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسى ئارقىلىق ساياھەت كەسپىنىڭ تەرەققىياتىدىكى بوغما ھالەت مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىپ، ساياھەت مەھسۇلاتلىرىنى بېيىتىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پۈتۈن رايون ساياھىتىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتتى.

سانجى ئوبلاستى يۇقىرى ئورۇندىن بىر تۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، مەسىلە يۆنىلىشى بويىچە تۈزىتىشتە چىڭ تۇرۇپ، مۇھىم نۇقتىلارنى ئۆستۈرۈشنى گەۋدىلەندۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن يۇقىرى سۈپەتلىك ساياھەت مۇھىتى يارىتىپ، ئەمەلىي ھەرىكەتنى ئارقىلىق خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، ساياھەت يېڭى كەسىپ ھالىتى بىلەن ئېكولوگىيەنى ياخشىلاش، مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى بىرلەشتۈرۈپ، ساياھەت مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ساياھەت سۈپەتلىك ماركىسى بەرپا قىلىشنى كۈچەيتىپ، ساياھەت ئارقىلىق خەلقنى بېيىتىش ئۈنۈمىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پۈتۈن رايون بويىچە ئورتاق بەرپا قىلىنىدىغان، پۈتۈن رايون بويىچە ئورتاق يۇغۇرۇلىدىغان، پۈتۈن رايون بويىچە ئورتاق بەھرىلىنىدىغان ساياھەتچىلىك تەرەققىيات يېڭى ئەندىزىسىنى بەرپا قىلدى.

«يۇقىرى ئورۇندىن بىر تۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشتا چىڭ تۇرۇش داۋامىدا، بىز ‹ئۈرۈمچى ـ سانجى ـ تۇرپان ـ شىخەنزە ـ قاراماي› پۈتۈن رايون ساياھىتىنىڭ ماس تەرەققىياتىنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، ‹ساياھەتچىلەرنى سانجىغا كىرىشكە جەلپ قىلىش› يوللىرىنى كېڭەيتتۇق. پۈتۈن رايون ساياھىتى ۋە ‹ساياھەت+›نى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئېسىل ساياھەت لىنىيەسى ۋە مەھسۇلاتلىرىنى يارىتىپ، ساياھەت كەسپى كۆلىمىنى زورايتىش ۋە دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىپ، ساياھەت كەسپىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدۇق» دېدى سانجى ئوبلاستلىق مەدەنىيەت، تەنتەربىيە، رادىيو، تېلېۋىزىيە ۋە ساياھەت ئىدارىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى جاڭ زىبىن.

سانجى ئوبلاستى مەسىلە يۆنىلىشى، نىشان يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئوبلاست بىلەن ناھىيەلەر بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىپ، مەخسۇس كۈچ تەشكىللەپ پۈتۈن ئوبلاستتىكى ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرى، مەنزىرە رايونلىرىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا قارىتا تولۇق قاپلاش تىپىدىكى تېگى ـ تەكتىنى ئېنىقلاش بويىچە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، تۈرلۈك مەسىلىلەردىن 354نى بايقاپ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى چەكلىك مۇددەتتە پۈتۈنلەي تۈزىتىپ بولدى. نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، سانجى ئوبلاستى مەدەنىيەت ـ ساياھەت، ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسى، ئالاقىلىشىش قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلارنى يىغىپ «ئۈچ تەس بولۇش، بىر راۋان بولماسلىق» (ماي قاچىلاش تەس بولۇش، ئاپتوموبىل توختىتىش تەس بولۇش، ھاجەتخانا تېپىش تەس بولۇش، ئالاقىلىشىش راۋان بولماسلىق) مەسىلىسىنى ھەل قىلىش نەق مەيدان ئىلگىرى سۈرۈش يىغىنىغا قاتناشتۇرۇپ، قۇرۇلۇۋاتقان، قۇرۇلىدىغان تۈرلەرنى ئالغا سىلجىتىش سالمىقىنى ئاشۇردى. نۆۋەتتە، يېڭىدىن قۇرۇلغان ياكى ئۆزگەرتىپ قۇرۇلغان ساياھەت نۇقتىسى ھاجەتخانىسىدىن 300ى، ئېكولوگىيەلىك ئاپتوموبىل توختىتىش مەيدانىدىن 35ى، ماي قاچىلاش پونكىتىدىن ئونى، ئالاقىلىشىش ئاساسىي پونكىتىدىن 60ى پۈتتى.

گۇچۇڭ ناھىيەسىنىڭ بەنجىيگوۋ بازىرىغا جايلاشقان جامبۇلاق مەنزىرە رايونىدا، نۇرغۇن ساياھەتچى بۇ يەرنىڭ مەنزىرىسىنىڭ گۈزەل بولۇپلا قالماي، ئۇل ئەسلىھەلىرىنىڭمۇ مۇكەممەل ئىكەنلىكىنى ماختاشتى. جامبۇلاق مەنزىرە رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى تۇر باشقۇرۇش باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى جاۋ جيەننىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، مەنزىرە رايونى «ئۈچ تەس بولۇش، بىر راۋان بولماسلىق» مەسىلىسىگە قارىتا، ساياھەتچىلەر زىچ توپلىنىدىغان مەنزىرە نۇقتىلىرى، غەربىي ئايلانما لىنىيەسىدە ئاپتوموبىل توختىتىش مەيدانىنى كۆپەيتىپ قۇرۇپ، بەنجىيگوۋ بازىرىنىڭ يېڭىپەنتەن كەنتى، جامبۇلاق كەنتىدە ماي قاچىلاش پونكىتى قۇرۇپ، مەنزىرە رايونىدا مۇھىت ئاسرايدىغان ھاجەتخانىلارنى كۆپەيتىپ سېلىپ، خەۋەرلىشىش ئاساسىي پونكىتى ۋە كىچىك خەۋەرلىشىش ئاساسىي پونكىتلىرىنى يېڭىدىن قۇرۇپ، ساياھەتچىلەرنىڭ ئازادىلىك دەرىجىسىگە بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرغان.

سانجى ئوبلاستى ئەتراپتىكى ۋىلايەت، شەھەرلەر بىلەن رايون ھالقىغان ساياھەت ھەمكارلىق مېخانىزمى ئورنىتىپ، ئىككى ۋىلايەت، بەش ناھىيەنىڭ پۈتۈن رايون ساياھەت ئىتتىپاقىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، ئۈرۈمچى ـ سانجى ـ تۇرپان ـ شىخەنزە ـ قاراماينىڭ مەدەنىيەت، ساياھىتىنىڭ يۇغۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش يىغىنىنى بىرلىكتە ئېچىپ، ئاقىل ساياھەت چوڭ سانلىق مەلۇماتىدىن پايدىلىنىش سۇپىسى قۇرۇپ، تۈرلۈك مەدەنىيەت، ساياھەت پائالىيەتلىرىنى ساياھەتنىڭ سۇس پەسلىدە قانات يايدۇرۇپ، «ھەر ئايدا باش تېما بولۇش، ھەر ھەپتىدە پائالىيەت بولۇش»نى ئىشقا ئاشۇردى.

2019 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە، سانجى ئوبلاستى يىللىق كۈتۈۋالغان ساياھەتچى 38 مىليون 286 مىڭ ئادەم قېتىم بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 46.9% ئاشتى؛ ساياھەت كىرىمى 72 مىليارد 640 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 54.4% ئاشتى.

# شىنجاڭ تىببىي داشۆسىنىڭ سەييارە داۋالاش ئەترىتى داۋالاشنى يېزىلارغا يەتكۈزۈپ، خەلق قەلبىنى ئىللىتتى

## —— دىققەتنى باش تېمىغا، ئاساسىي لىنىيەگە مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزىتىشنى تۇتۇش توغرىسىدىكى يۈرۈشلۈك خەۋەر

مۇخبىرىمىز **جاۋ شىيا** خەۋەر قىلىدۇ: 2019 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، ئاتۇش شەھىرى ئۇستۇن ئاتۇش بازىرى تاشوشقا كەنتىنىڭ يىغىن زالىدا، كېسەل كۆرسەتكىلى كەلگەن كەنت ئاھالىلىرى ئۇزۇن ئۆچرەتتە تۇرۇپ، قان شېكىرىنى ئۆلچەتىپ، شىندىيەنتۇ، B چاۋدا تەكشۈرتۈپ دىياگنوز قويغۇزۇۋاتاتتى... شىنجاڭ تىببىي داشۆسى قارمىقىدىكى 1 ـ دوختۇرخانا سەييارە داۋالاش ئەترىتىنىڭ دوختۇرلىرى سەۋرچانلىق، ئىنچىكىلىك بىلەن ھەربىر كەنت ئاھالىسىنى تەكشۈرۈپ دىياگنوز قويۇۋاتاتتى.

«ھاۋا سوغۇق، يول يىراق، ئەگەر دوختۇرلار ئىشىك ئالدىمىزغا كەلمىگەن بولسا، بالامنىڭ كېسىلىنى ۋاقتىدا كۆرسىتەلمىگەن بولاتتۇق، كۆپ رەھمەت!» دېدى كەنت ئاھالىسى گۈلبوستان ئالىم مىننەتدار بولۇپ. گۈلبوستاننىڭ قىزى تۆت ياشتا بولۇپ، تۇغما يۈرەك كېسىلى بار ئىدى. شۇ كۈنى، داۋالاش ئەترىتى يىراقتىن بىرلىشىپ دىياگنوز قويۇش ئارقىلىق شىنجاڭ تىببىي داشۆسى قارمىقىدىكى 1 ـ دوختۇرخانىنىڭ يۈرەك تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ مۇتەخەسسىسى جاڭ گومىن بىلەن ئالاقىلەشتى. دىياگنوز قويۇش ئارقىلىق، جاڭ گومىن بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا بالىنى تېزدىن دوختۇرخانىغا ئەكېلىپ ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇشنى ئېيتتى ھەم دوختۇرخانىنىڭ يېشىل يول ئېچىپ بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، شىنجاڭ تىببىي داشۆسى كەسىپ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆگىنىش بىلەن قىلىشنى بىرلەشتۈرۈش، تەكشۈرۈش بىلەن ئۆزگەرتىشنى تۇتاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەرقايسى رايونلاردىكى دائىم كۆرۈلىدىغان، كۆپ كۆرۈلىدىغان كېسەللىكلەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، قارمىقىدىكى ئالتە دوختۇرخانىنىڭ يۈرەك قان تومۇرى، يۈرەك، يۇقۇم، ئۆسمە، ئېغىز بوشلۇقى قاتارلىق كۆپ خىل كەسىپتىكى كلىنىكا تەجرىبىسى مول داۋالاش تايانچلىرىدىن 70 نەچچىنى ئاجرىتىپ، يەتتە سەييارە داۋالاش ئەترىتى قۇرۇپ، قەشقەر ۋىلايىتى، ئاقسۇ ۋىلايىتى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىغا ئەۋەتىپ، سەييارە داۋالاش مۇلازىمىتىنى قانات يايدۇردى.

سەييارە داۋالاشتا شىنجاڭ تىببىي داشۆسى قارمىقىدىكى ھەرقايسى دوختۇرخانىلار پەن، كەسىپ ۋە ئىختىساسلىقلار ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، كۆپ خىللاشقان داۋالاش ئارقىلىق ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش مۇلازىمىتىنى قانات يايدۇردى. قارمىقىدىكى 1 ـ دوختۇرخانىنىڭ داۋالاش ئەترىتى ئەترەت ئەزالىرىنىڭ كەسپىگە بىرلەشتۈرۈپ، شۇ جايدىكى يەسلىلەرنى تۇغما يۈرەك كېسىلىنى ئىلغاپ تەكشۈرۈش قاتارلىق ئۆزگىچە داۋالاش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىدى؛ قارمىقىدىكى ئۆسمە كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسىنىڭ داۋالاش ئەترىتى سۈت بېزى راكى، بالىياتقۇ بويۇنى راكىغا بالدۇر دىياگنوز قويۇپ بالدۇر داۋالاش، ئىلغاپ تەكشۈرۈشتىكى داۋالاش بىلىملىرىنى يېزا ـ بازارلاردىكى تىببىي خادىملارغا ئۆگىتىپ، شۇ جايدىكى دوختۇرلار بىلەن بىرلىكتە ئېغىر كېسەللىك ئەھۋالى بىرقەدەر ئېغىر 150كە يېقىن كىشىنى ئىلغاپ تەكشۈرۈپ چىقتى؛ جۇڭيى دوختۇرخانىسىنىڭ داۋالاش ئەترىتى قولايلىق، ئۈنۈملۈك جۇڭگو تېبابىتى دورىلىرى خاس مۇلازىمىتىنى شۇ جايدىكى ئاممىغا يەتكۈزۈپ، بويۇن ئومۇرتقا كېسىلى، مۈرە ياللۇغى قاتارلىقلارنى يىڭنە سانجىپ داۋالاپ، ئاممىنىڭ جۇڭگو تېبابىتى بويىچە داۋالاشقا بولغان تونۇشىنى ئۆستۈردى.

ھەرقايسى سەييارە داۋالاش ئەترەتلىرىدىكى داۋالاش تايانچلىرى «يېتەكلەش ئارقىلىق تەربىيەلەشنى ئىلگىرى سۈرۈپ»، ئاساسىي قاتلام شىپاخانىلىرىنىڭ داۋالاش مۇلازىمەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشكە ياردەم بەردى. كۆرگەزمە تاختىسى ياساش، تەشۋىقات ماتېرىيالى تارقىتىش، نەق مەيداندا جاۋاب بېرىش، مەسلىھەت بېرىش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق، پارتىيەنىڭ ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرىنى ئاممىغا سۆزلەپ بەردى، ساغلاملىق بىلىملىرىنى پۇقرالارغا يەتكۈزدى.

«يۇرتداشلارنىڭ تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتقان بىر جۈپ كۆزى بىزگە ئىشەنچ ۋە مەسئۇلىيەتنى ھېس قىلدۇردى.» شىنجاڭ تىببىي داشۆسى قارمىقىدىكى 1 ـ دوختۇرخانىنىڭ سەييارە داۋالاش ئەترىتى 1 ـ ئەترىتىنىڭ مەسئۇلى شاۋ خۇا ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: سەييارە داۋالاش مۇلازىمىتى جەريانىدا تىببىي خادىملارنىڭ خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش ھېسسىياتى كۈچىيىپلا قالماي، ھەر مىللەت ئامما بىلەن بولغان مۇھەببەتمۇ قويۇقلاشتى.

ئىگىلىنىشىچە، شىنجاڭ تىببىي داشۆسى سەييارە داۋالاش مۇلازىمىتىنى قانات يايدۇرغاندىن بۇيان، 150 مىڭ ئادەم قېتىمدىن ئارتۇق خالىس كېسەل كۆرگەن، ھەقسىز تارقاتقان دورىلارنىڭ قىممىتى 200 مىڭ يۈەنگە يېقىنلاشقان.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار «ھۆكۈمەت يېتەكلەش، بازار يۈرۈشتۈرۈش، ئۆزى ئىگە بولۇش، ئۆزى ئىختىيار قىلىش، ماسلىشىپ ئالغا سىلجىتىش» پرىنسىپى ۋە يېزا ئىگىلىك سۇغۇرتىسىنىڭ «دائىرىسىنى كېڭەيتىش، تۈرىنى كۆپەيتىش، ئۆلچىمىنى ئۆستۈرۈش» تەلىپى بويىچە، يېزا ئىگىلىك سۇغۇرتىسى سىياسىتىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك سۇغۇرتىسىنىڭ مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك سۇغۇرتىسىنىڭ يۈرۈشۈش مېخانىزمىنى ئەلالاشتۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك سۇغۇرتىسىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: تېخىمۇ كۆپ مەمۇرىي بايلىقلارنى ئىشتىن بۇرۇنقى تەكشۈرۈپ تەستىقلاشتىن ئىش داۋامىدىكى، ئىشتىن كېيىنكى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشكە يۆتكەش «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، بۇ ھۆكۈمەتنىڭ مۇلازىمەت سۈپىتى ۋە سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش، ئادىل بازار رىقابىتى مۇھىتى يارىتىش، رايون ئومۇمىي رىقابەت كۈچىنى ئۆستۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتى ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئىدىيەسى، نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش شەكلىنىڭ ھەر تەرەپلىمە، چوڭقۇر قاتلاملىق ئۆزگىرىشىگە تۈرتكە بولۇپ، قويۇپ بېرىش بىلەن باشقۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈش، نازارەت قىلىش بىلەن باشقۇرۇشقا تەڭ ئەھمىيەت بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش قائىدىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش شەكلىدە يېڭىلىق يارىتىپ، ھوقۇق ـ مەسئۇلىيەت ئېنىق، باراۋەر ـ ئادىل، ئاشكارا ـ ئېنىق، ئاددىي ـ يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولغان ئىش داۋامىدىكى، ئىشتىن كېيىنكى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىپ، بازار ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇش، ھۆكۈمەت نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش، جەمئىيەت نازارەت قىلىش ئۆزئارا تىرەك بولىدىغان ماسلىشىپ نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، ھەقىقىي تۈردە باشقۇرۇپ سەۋىيە يارىتىپ، باشقۇرۇپ ئۈنۈم يارىتىپ، باشقۇرۇپ ھاياتىي كۈچنى ئۇرغۇتۇپ، بازار سۇبيېكتىنىڭ رىقابەت كۈچى ۋە بازارنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرۈپ، ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ سىجىل ساغلام تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى سايرام كۆلى مەنزىرە رايونى، گۇچۇڭ جامبۇلاق مەنزىرە رايونى دۆلەت 5A دەرىجىلىك مەنزىرە رايونى بەرپا قىلىشنىڭ كۆچەش باسقۇچىغا كىرگەن.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەرقايسى جايلار A دەرىجىلىك ساياھەت مەنزىرە رايونى بەرپا قىلىش سالمىقىنى زورايتتى. 2019 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، ئالتاي شەھىرىدىكى قېيىن ئورمان باغچىسى مەنزىرە رايونى، بۇرچىن ناھىيەسىدىكى جۇڭگو ـ رۇسىيە كونا پىرىستان ئۆرپ ـ ئادەت باغچىسى مەنزىرە رايونى قاتارلىق 11 مەنزىرە رايونى شىنجاڭدىكى ساياھەت مەنزىرە رايونلىرىنىڭ سۈپەت دەرىجىسىنى باھالاپ بېكىتىشتىن ئۆتۈپ، 4A دەرىجىلىك ساياھەت مەنزىرە رايونىغا ئايلاندى.

كۆپ خىل ساياھەت بايلىقى شىنجاڭنى ساياھەتچىلەر تەلپۈنىدىغان جايغا ئايلاندۇردى. مۇقىملىق پايدىسىنىڭ سىجىل قويۇپ بېرىلىشى، كۆپ تۈرلۈك مەدەنىيەت ـ ساياھەت پائالىيىتى ۋە ئېتىبار سىياسەتلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىرىلىشى، A دەرىجىلىك مەنزىرە رايونلىرىنىڭ ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلىش كۈچىنى كۆرۈنەرلىك ئاشۇردى. ئىستاتىستىكىدا كۆرسىتىلىشىچە، 2019 ـ يىلى 11 ـ ئايدا قەشقەر قەدىمىي شەھەر مەنزىرە رايونى كۈتۈۋالغان ساياھەتچى مىقدارى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 135.94% ئاشقان، تيانشان بوغدا كۆلى مەنزىرە رايونى كۈتۈۋالغان ساياھەتچى مىقدارى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 101% ئاشقان.

ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ۋە ساياھەت نازارىتى مەنزىرە رايونلىرىنى كۈندىلىك نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش تۈزۈمى ۋە مەسئۇلىيەتنى سۈرۈشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، خىزمەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇپ، ئاگاھلاندۇرۇلغان، چەكلىك مۇددەتتە تۈزىتىلىدىغان مەنزىرە رايونلىرىنىڭ تۈزىتىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىگە ئىز قوغلاپ نازارەتچىلىك ـ يېتەكچىلىك قىلىپ، «كىرەلەيدىغان ـ چىقالايدىغان، يۇقىرىغىمۇ چىقالايدىغان، تۆۋەنگىمۇ چۈشەلەيدىغان» بولۇشتەك ھەرىكەتچان باشقۇرۇش مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرۈپ، شىنجاڭدىكى ساياھەت مەنزىرە رايونلىرىنىڭ ئۆلچەم بويىچە ئاڭلىق ھالدا مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى، مۇلازىمەت سۈپىتى ۋە باشقۇرۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ساياھەت مەنزىرە رايونلىرى مۇلازىمەت سۈپىتىنىڭ زور دەرىجىدە ئۆسۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

بۇلتۇر، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ۋە ساياھەت نازارىتى ساياھەت مۇلازىمىتى، ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى قاتارلىق جەھەتلەردىن قول سېلىپ، A دەرىجىلىك 39 مەنزىرە رايونىنى باھالاپ تەكشۈرۈشكە تەشكىللىدى ھەم ئۈچىنچى تەرەپكە 4A دەرىجىلىك ھەم ئۇنىڭدىن يۇقىرى مەنزىرە رايونىدىن 23نى يوشۇرۇن زىيارەت قىلىپ قايتا تەكشۈرۈشنى ھاۋالە قىلدى. 4A دەرىجىلىك بىر مەنزىرە رايونىنىڭ سالاھىيىتىنى ئەمەلدىن قالدۇردى، 4A دەرىجىلىك ئۈچ مەنزىرە رايونىنى ئاگاھلاندۇردى ھەم چەكلىك مۇددەتتە تۈزىتىشكە بۇيرىدى، 4A دەرىجىلىك ھەم ئۇنىڭدىن يۇقىرى توققۇز مەنزىرە رايونىنى چەكلىك مۇددەتتە تۈزىتىشكە بۇيرىدى. بىر قاتار تەدبىرلەرنى يولغا قويۇش ئارقىلىق ساياھەتچىلەرنىڭ مەنزىرە رايونلىرىنىڭ مۇلازىمىتىدىن رازى بولۇش دەرىجىسى ئۆستى. 2019 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، رازى بولۇش دەرىجىسى 98.62% بولۇپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 5 پىرسەنت پوئېنت ئاشتى.

2020 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز دۆلەت A دەرىجىلىك مەنزىرە رايونى، پۈتۈن رايون ساياھىتى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى، ساياھەت ئىستىراھەت رايونى ۋە ئېكولوگىيە ساياھىتى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى بەرپا قىلىش خىزمىتىگە پۈتۈن كۈچ بىلەن تۈرتكە بولۇپ، 2020 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا دۆلەت 5A دەرىجىلىك ساياھەت مەنزىرە رايونىنىڭ سانىنى 15كە، 4A دەرىجىلىك ساياھەت مەنزىرە رايونىنى 100گە يەتكۈزۈشكە تىرىشىدىكەن.

# بايىنغولىن ئوبلاستى: «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتى خەلققە قولايلىق ياراتتى، كارخانىلارغا پايدا يەتكۈزدى

## —— دىققەتنى باش تېمىغا، ئاساسىي لىنىيەگە مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزىتىشنى تۇتۇش توغرىسىدىكى يۈرۈشلۈك خەۋەر

**□ مۇخبىرىمىز پەرىزات ئابدۇل، ئىختىيارىي مۇخبىر لىيۇ ۋېنخۇا**

2019 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، كورلا شەھەرلىك مەمۇرىي مۇلازىمەت زالىدا، شەھەر ئاھالىسى بەي شياۋچىن بازار نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مۇلازىمەت كۆزنىكىگە كېلىپ تىجارەت كىنىشكىسى بېجىردى. ئاپتوماتىك ماشىنىدا تىزىملاش ئۇچۇرىنى تولدۇرۇش، ماتېرىيال تاپشۇرۇش، تەكشۈرۈپ بېكىتىش ... ئون مىنۇتتىن كېيىن، بەي شياۋچىن تىجارەت كىنىشكىسىنى ئالدى. «ھازىر تىجارەت كىنىشكىسى بېجىرىش بەكمۇ تېز ئىكەن، ھەقىقەتەن ئويلاپ باقماپتىمەن!» دېدى بەي شياۋچىن.

ئوخشاش بىر ۋاقىتتا، تالون كەستۈرگىلى كەلگەن شەھەر ئاھالىسى ۋاڭ يۇڭ باج ئىشلىرى زالىدا ئىككىلىك كودنى سىكانىېرلاپ، «شىنجاڭ باج ئىشلىرى» APP سىنى چۈشۈرگەندىن كېيىن، يان تېلېفونىدىلا تالون كەستۈردى. «بۇنىڭدىن كېيىن تالون كەستۈرمەكچى بولسام باج ئىشلىرى زالىغا كەلمەي، ئۆيدىلا بېجىرسەم بولىدىكەن» دېدى ۋاڭ يۇڭ.

«ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمىتىدە خەلققە قولايلىق يارىتىش، كارخانىغا پايدا يەتكۈزۈشتەك فۇنكسىيەلىك ئورنىنى زىچ چۆرىدەپ، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تەرتىپىنى يەنىمۇ ئەلالاشتۇرۇپ، مۇلازىمەت ئۇسۇلىدا يېڭىلىق يارىتىپ، مەمۇرىيەت ئۈنۈم ئىقتىدارى ۋە مۇلازىمەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، خەلق ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىشتە نەتىجە يارىتىشنى مۇستەھكەملىدى.

«بىر ئىشىك، بىر كۆزنەك، بىر قېتىم» ئىسلاھاتى ئالغا سىلجىتىلدى. بايىنغولىن ئوبلاستى كارخانىلار بىلەن ئاممىنىڭ «بىرلا ئىشىكتىن كىرىپ، ھەممە ئىشنى بېجىرىش»نى نىشان قىلىپ، «ئەڭ كۆپ بولغاندا بىر قېتىم قاتراش» ئىشلىرى تىزىملىكىدىن 1050نى رەتلەپ ۋە ئېلان قىلىپ، ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق 24 تارماقنىڭ 397 تۈرلۈك ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمەت ئىشىنى ئاپتونوم رايوننىڭ بىر گەۋدىلەشكەن توردىكى ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمەت سۇپىسىغا كىرگۈزگەندىن كېيىن، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك مەمۇرىي مۇلازىمەت مەركەزلىرى مەركەزلىك بىرتۇتاش بېجىردى. «بىر كۆزنەكتە قوبۇل قىلىش» ئەندىزىسى بويىچە، ئەسلىدىكى ئىش بېجىرىش زالىدىكى 208 كۆزنەكنى 168گە ئىخچاملاپ، «ئالدى سۇپىدا ئۇنىۋېرسال قوبۇل قىلىش، ئارقا سۇپىدا تۈرگە ئايرىپ تەكشۈرۈپ تەستىقلاش، بىرتۇتاش كۆزنەكتە ھۆججەت چىقىرىش» يۈرۈشتۈرۈش ئەندىزىسىنى يولغا قويۇپ، كارخانىلار بىلەن ئاممىنىڭ كۆپ جايغا قاتراش، كۆپ قېتىم قاتراشتەك گەۋدىلىك مەسىلىلىرىنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلدى.

«بىر توردا ئومۇميۈزلۈك بېجىرىش» ئىقتىدارى كېڭەيتىلدى. كارخانىلارنى تىزىملاشنىڭ پۈتۈن جەريانىنى ئېلېكتىرونلاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، كارخانىلارنى تىزىملاش ۋاقتى 20 خىزمەت كۈنىدىن ئۈچ كۈنگە قىسقارتىلدى. باجغا مۇناسىۋەتلىك تۈزۈم ئىسلاھاتى ئالغا سىلجىتىلىپ، مەركىزىي باج ئىشلىرى تور زالىنىڭ كەسىپ بېجىرىش نىسبىتى 85%تىن ئېشىپ، باج تاپشۇرغۇچىلارنىڭ «ئۆيدىن چىقماي تۇرۇپ» باجغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بېجىرىشى ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

ئىش بېجىرىش تەرتىپى ئىخچاملاشتۇرۇلدى ۋە ئەلالاشتۇرۇلدى. كارخانىلار بىلەن ئامما ئىش بېجىرگەندە تاپشۇرىدىغان ماتېرىيال مۇندەرىجىسى، ئىش بېجىرىش ۋاقىت قەرەلى، ئىش بېجىرىش تەرتىپى بىر ـ بىرلەپ رەتلىنىپ ۋە ئىخچاملىنىپ، جەمئىي 322 تۈردىكى 1312 پارچە ئىلتىماس ماتېرىيالى قىسقارتىلدى، 472 تۈرنىڭ بېجىرىش ۋاقتى قىسقارتىلدى، 169 تۈرنىڭ بېجىرىش ھالقىسى ئاددىيلاشتۇرۇلدى، 231 تۈرنىڭ تەرتىپى ئەلالاشتۇرۇلدى. ئىش بېجىرىش كۆزنىكىنىڭ ھەممىسىدە ئېلېكتىرونلۇق ئارخىپ كىرگۈزۈش قوللىنىلدى ھەم ھەقسىز نۇسخىلاش ماشىنىسى سەپلەندى.

كۆزنەكلەرنى ئەلالاشتۇرۇش مۇلازىمىتى ياخشى تۇتۇلدى. بىر قېتىمدىلا ئۇقتۇرۇش، تۇنجى سورىغۇچى مەسئۇل بولۇش، چەكلىك مۇددەتتە بېجىرىپ بولۇش قاتارلىق تۈزۈملەر ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى؛ «كەم ماتېرىيالنى قالدۇرۇپ قوبۇل قىلىپ بېجىرىش» «خاتا ماتېرىيالنى قالدۇرۇپ بېجىرىش» قاتارلىق خىزمەت مېخانىزمى نۇقتىدا سىناق قىلىپ يولغا قويۇلۇپ، ئالدىن كېلىشىش، ۋاقىتنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش، ۋاقىتنى كېيىنگە سۈرۈش، ئىشىك ئالدىغا بېرىپ مۇلازىمەت قىلىش قاتارلىق مۇلازىمەت تۈزۈملىرى مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، مەمۇرىي مۇلازىمەت مەركىزى كۆزنىكىدە تەكشۈرۈپ باشقۇرۇش، قىزىل بايراق كۆزنىكى ئورۇنلىرىنى باھالاش تەپسىلىي قائىدىسى قاتارلىق تۈزۈملەر تاكامۇللاشتۇرۇلدى. ئاپتونوم ئوبلاستلىق 12345 ھۆكۈمەت ئىشلىرى قىزىق لىنىيە سۇپىسى تەسىس قىلىنىپ، ھەر تەرەپلىمە «1 ـ نومۇرلۇق ئاۋاز قوشۇش» مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەپ، «بىر لىنىيە، بىر تور، بىر قوشۇن» بولۇشتەك يۈرۈشتۈرۈش ئەندىزىسى تەدرىجىي شەكىللەندۈرۈلدى.

تونۇشتۇرۇلۇشىچە، باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، بايىنغولىن ئوبلاستى گوۋۇيۈەن ئوتتۇرىغا قويغان 2019 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شەرقىي قىسمىدىكى رايونلار بەش كۈندە بېجىرىپ بولۇش، 2020 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە بەش كۈندە بېجىرىپ بولۇش نىشانىنى ئومۇميۈزلۈك ئىشقا ئاشۇرۇشنى مۇددەتتىن بۇرۇن تاماملاپ، كۆچمەس مۈلۈكنى تىزىملاشتا «كىنىشكا بېجىرىش تەس بولۇش» «ئۇزۇن ئۆچرەتتە تۇرۇش» مەسىلىلىرىنى ئۈزۈل ـ كېسىل ھەل قىلغان.